## مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# سەي يېچىڭ: غەلىبە قىلىشقا ئىرادە باغلىغان جەسۇر پاراخوت باشلىقى



سەي يېچىڭ مەشىققە تەشكىللىمەكتە (2005 - يىلى 7 - ئايدا تارتىلغان).
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسى (جاڭ مىمى، ماۋ لىن)** «ئەگەر شۇ كۈنى، ئۇ يەنە بىر پەس ساقلاپ تۇرۇپ، سۇ ئاستى پاراخوتى قىرغاققا يېقىنلاشقاندا ئاندىن تەكشۈرگەن بولسا...» نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى، ھەر قېتىم «ئىنقىلابىي قۇربان سەي يېچىڭنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆرگەزمىسى زالى»غا كىرگەندە، دېڭىز ئارمىيەسى مەلۇم سۇ ئاستى پاراخوتى تارماق ئەترىتى مەلۇم پاراخوت خادىملىرى ئەترىتىنىڭ مۇئاۋىن جېڭۋېيى ياڭ شۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا: «شۇنداق بولغاندا، سەي پاراخوت باشلىقى دېڭىزغا چۈشۈپ كەتمىگەن بولاتتى» دەپ ئويلايدۇ.

2007 - يىلى 10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، دېڭىز ئارمىيەسى مەلۇم سۇ ئاستى پاراخوتى تارماق ئەترىتىنىڭ 315 نامىلىق پاراخوتى ئومۇمىي مەشىق باھالاشقا قاتنىشىپ قايتىش سەپىرىدە، پولات ئارقان سۈركىلىپ كېتىش سەۋەبىدىن، پاراخوت باشلىقى سەي يېچىڭ سەپداشلىرى بىلەن بىللە پاراخوتتىن چىقىپ سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرگەن. بۇ جەرياندا سەي يېچىڭ بوران - چاپقۇندا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن سەپدىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

«لېكىن مەن بىلىمەن،» ياڭ شۇ مۇنداق دېدى: «ئەگەر بىرىنچى ۋاقىتتا ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئالدىرىمىسا، بىرىنچى ۋاقىتتا رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش لايىھەسىنى تۈزمىسە، ئۇنداقتا ئۇ سەي يېچىڭ بولماي قالاتتى».

ئەگەر — ئەگەر «ئەگەر» بولمىسا، ئۇ ئەسلىدە ناھايىتى شەرەپلىك بىر كۈن بولغان بولاتتى — 19 سائەتتە، ئۇن نەچچە مۇرەككەپ تۈرنى تەكشۈرۈپ باھالاشتا، سەي يېچىڭ سۇ ئاستى پاراخوتى ئومۇمىي مەشىق باھالىشىنىڭ ھەممىسىدىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتكەن — يەنى، ئۇ يىراق دېڭىز جەڭ مەيدانىغا بارىدىغان «يول خېتى»نى ئالغانىدى.

بۇ، بىر پاراخوت باشلىقىنىڭ «قورامىغا يېتىش مۇراسىمى» ئىدى. باھالاش گۇرۇپپىسى ئۇنىڭغا «نامى بىكارغا چىقمىغان» دەپ باھا بەرگەن.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ شاڭخەي قاتناش داشۆسىگە ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنىش سالاھىيىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئومۇمىي نومۇرى بىرىنچى بولۇش نەتىجىسى بىلەن دېڭىز ئارمىيەسى سۇ ئاستى پاراخوتى شۆيۈەنىنىڭ دەرۋازىسىدىن ئاتلىغان. ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا، ئۇ ئۇدا ئۈچ يىل «جۇڭگو دېڭىز قاتنىشى ئوقۇش مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئوقۇش پۈتكۈزگەن يىلى، ئۇ ئاسپىرانتلىققا ئىمتىھانسىز قوبۇل قىلىنىش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، مۇنەۋۋەر ئوقۇش پۈتكۈزگۈچى گۇۋاھنامىسىنى ئېلىپ، قىلچە ئىككىلەنمەي سۇ ئاستى پاراخوتىغا چىقىشنى تاللىغان. ئىككى يىلدىن كېيىن، ئۇ فلوت ئورگىنى تەرىپىدىن تاللىنىپ، ئەڭ ياش مەشىقلەندۈرۈش سەنمۇسىغا ئايلانغان. كېيىن، ئۇ يەنە بىر قېتىم ئىلتىماس قىلىپ، ئاساسىي قاتلام سۇ ئاستى پاراخوتى قىسمىغا قايتىپ بارغان... ئالتە يىللىق ھەربىيلىك ھاياتىدا، سەي يېچىڭ ئۇدا ئالدىدا يۈگۈرۈپ، تۆت قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، بىر قېتىم شەرەپ بىلەن 2 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، كۆپ قېتىم جۇڭگو - رۇسىيە بىرلەشمە مانېۋىرى قاتارلىق مۇھىم، زور ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقى ۋەزىپىسىگە قاتناشقان.

2007 - يىلى، ئۇ تۇرۇشلۇق تىپتىكى سۇ ئاستى پاراخوتى تۇنجى قېتىم چەت ئەل ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىغا ئېچىۋېتىلگەن، ئەينى چاغدىكى ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسى ئۇرۇش قىلىش قىسمىنىڭ باشلىقى 315 نامىلىق پاراخوتقا چىققان. پۈتكۈل ئېكسكۇرسىيە جەريانىدا، ئامېرىكا دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ بۇ شاڭجياڭى ئۇنىڭغا ئالتە قېتىم باشمالتىقىنى چىقارغان. ھالبۇكى بۇ، سەي يېچىڭ قۇربان بولۇشتىن بىر ئاي ئىلگىرىكىلا ۋاقىت ئىدى.

«تۈمەن چاقىرىملىق دېڭىز ياقىسى تېررىتورىيەمىزدە ھەسرەتتە بىر ئەزىمەتتىن ئايرىلىپ قالدۇق!» شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، بىر جياڭجۈن ئاسمانغا قاراپ ئاھ ئۇردى.

«سەي پاراخوت باشلىقى، مۇشۇنداقلا كەتتىمۇ؟!» سەپداشلىرىنىڭ يۈرەك باغرى پارە - پارە بولدى.

سەي يېچىڭ كەتتى، سەي يېچىڭ ھەم كەتمىدى.

تا بۈگۈنگىچە، ئۇ يازغان 49 پارچە خاتىرە، سىزغان 900 پارچىدىن ئارتۇق تاكتىكا مەشىق خەرىتىسى شۇنداقلا نەچچە مىڭ پارچە سۇ ئاستى پاراخوتى قۇرۇلما خەرىتىسى، ئۇرۇش قىلىش لايىھەسى خەرىتىسى، ئۇچۇر تەرتىپى خەرىتىسى، سىستېمىنىڭ جايلىشىش خەرىتىسى، تەشكىلىي تەرتىپ خەرىتىسى... ھېلىھەم تارماق ئەترەت كۆرگەزمىخانىسىغا تىزىپ قويۇلغانىدى. بۇ ھەربىر يېڭى ئەسكەر، يېڭى كۇرسانت تارماق ئەترەتكە كەلگەندىن كېيىنكى ئەڭ تەسىرلىك «بىرىنچى دەرس» ئىدى.

تا بۈگۈنگىچە، «سەي يېچىڭدىن ئۆگىنىپ، غەلىبە قىلىشقا ئىرادە باغلاش» ھېلىھەم تارماق ئەترەت ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرىنىڭ ياڭراق شوئارى بولۇپ كەلمەكتە. كۆپ يىللاردىن بۇيان، نەچچە يۈز ئوفىتسېر - ئەسكەر «سەي يېچىڭچە» ھەربىي بولۇپ باھالاندى. ئۇ تۇرۇشلۇق پاراخوت ئەترىتى ھەر قېتىم دېڭىزغا چىقىپ مەشىق قىلغاندا، «سەي يېچىڭچە» جەڭ ئورنىنى باھالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تارماق ئەترەت 60 نەچچە تۈرلۈك مۇھىم، زور ئۇرۇش تەييارلىقى مەشىقى ۋەزىپىسىنى قالتىس تاماملىدى، سەي يېچىڭ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان سابىق 315 نامىلىق پاراخوت پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئىلغار ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى بولۇپ تەقدىرلەندى. ئەۋلادمۇئەۋلاد «سەي يېچىڭچە ھەربىي»لەر ئۈن - تىنسىز مۇھاپىزەت قىلىش ئارقىلىق، جۇمھۇرىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر دېڭىزغا غەلىبە قىلىش ۋەدىسى بەردى.

# سۇڭ ۋېنبو: خەلق ئۈچۈن خەۋپ - خەتەردىن قورقمىدى



سۇڭ ۋېنبونىڭ سۈرىتى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چاڭشا تېلېگراممىسى (مۇخبىر تەن چاڭ)** كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە ئۇدا ئۈچ كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغاندىن كېيىن، سۇڭ ۋېنبو ھەددىدىن زىيادە چارچاپ كەتكەچكە، خىزمەت ئورنىدا قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئاران 37 ياشتا ئىدى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قېتىمقى چىڭمىڭدا سەپداشلىرى، ئامما قاتارلىق ھەر ساھە زاتلار ئۆزلۈكىدىن خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ خېڭياڭ شەھىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، بۇ خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسىنى ياد ئېتىپ كەلمەكتە.

سۇڭ ۋېنبو، 1972 - يىلى 12 - ئايدا تۇغۇلغان، 1992 - يىلى 5 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. ھايات ۋاقتىدا خۇنەن ئۆلكىسى دۇڭكوۋ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ سىياسىي يېتەكچىسى بولغان. 2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 14 - كۈنى، سۇڭ ۋېنبو ئۇدا كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش، خەتەرگە ئۇچرىغان ئاممىنى قۇتقۇزۇش يولىدا زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن، خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

2009 - يىلى 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەھەردە، دۇڭكوۋ ناھىيەسى تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك قاتتىق يامغۇر يېغىپ، خۇايۈەن بازىرى باۋۋەن كەنتىدىكى 200دىن ئارتۇق ئامما كەلكۈندە قاپسىلىپ قالغان. سۇڭ ۋېنبو ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى خەتەرلىك ئەھۋال ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، دەرھال نەق مەيدانغا يېتىپ بېرىپ، كەلكۈن ئېقىنىدا ئۇدا 12 سائەت جەڭ قىلىپ، قاپسىلىپ قالغان 220 ئاممىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يۆتكەپ تارقاقلاشتۇرغان. كەلكۈن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سۇڭ ۋېنبو يەنە ھارغىن تېنىنى سۆرەپ، كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى سېپىدە ئۇدا ئىككى كېچە - كۈندۈز جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان. 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، زىيادە چارچاپ كەتكەنلىكتىن قان بېسىمى ئۆرلەپ مېڭىسىگە قان چۈشۈپ، ئەتىسى خىزمەت ئۈستىدە قۇربان بولغان.

سۇڭ ۋېنبونىڭ قۇربان بولغانلىق خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، قەھرىماننىڭ ماتەم مۇراسىمىدا، 39 سېلسىيە گرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرىغا قارىماي مىڭدىن ئارتۇق ئامما ئۆزلۈكىدىن يېتىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادەتتىكى كەنت ئاھالىسى، سۇڭ ۋېنبونىڭ سەپداشلىرى بار ئىدى، سۇڭ ۋېنبو ياردەم قىلغان كىشىلەر تېخىمۇ كۆپ ئىدى. قەھرىماننىڭ جەستى ئالدىدا، كىشىلەر توپى ئۇزاققىچە تارقىلىپ كېتىشنى خالىمىدى.

باۋۋەن كەنتىدىكى يۇرتداشلار: «ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي كەلكۈن ئالۋاستىسى بىلەن جەڭ قىلدى، قەھرىمان ئۆلمەيدۇ؛ جان پىدالىق بىلەن ئاممىنى قۇتقۇزدى، ساداقىتى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ» دېگەن تەزىيە بېغىشلىمىسىنى سوۋغا قىلدى. كەنت ئاھالىسى جۇڭ سۈيۈن ئاشۇ قاپقاراڭغۇ كېچىدە، سۇڭ ۋېنبونىڭ بەلگە كېلىدىغان چوڭقۇر كەلكۈن سۈيىنى كېچىپ ئۆزىنى يۈدۈپ ئېلىپ چىققان مەنزىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ھالدا ياش تۆككىنىچە: «مېنى سۇڭ يېتەكچى قۇتقۇزۇۋالدى. بۇنداق ياخشى ئادەم نېمە ئۈچۈن كېتىپ قالىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن بىزدىن ئايرىلىدۇ؟» دېدى.

سۇڭ ۋېنبو باۋۋەن كەنتىدىكى پۇقرالارنىڭ قەلبىدىكى كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇش قەھرىمانى، لېكىن يېنىدىكى سەپداشلىرى ۋە خوتۇن - باللىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ بىر سەممىمىي ئاكا، ھەمىشە كىشى غېمىنى يەيدىغان ئەر، بىر مېھرىبان دادا ئىدى. سۇڭ ۋېنبونىڭ قىسقىغىنا ھاياتىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ ھەربىي سەپكە كىرگەن 19 يىلدا 500 نەچچە قېتىم ئوت ئۆچۈرۈش جېڭىگە قاتنىشىش، خەتەرگە يولۇققان 18 ئاممىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزۇشتەك بېغىشلاش روھى كىشىنى قايىل قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ئىستىلى كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ؛ ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا بولۇش، ئەسكەرلەرگە ئۆز پەرزەنتىدەك كۆيۈنۈش، مېھىر - مۇھەببەتكە، ھەققانىيەتكە ئەھمىيەت بېرىشتەك ئاددىي تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى كىشىنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

سۇڭ ۋېنبو باشتىن - ئاخىر يولداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، سەپداشلىرىنى ئاسرىدى، ئاساسىي قاتلام سىياسىي خىزمەت كادىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پارتىيەۋىلىككە، ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۈلگە بولدى، تۇرمۇشتا باشقىلارغا ھەمىشە سېخىيلىق بىلەن ياردەم بېرىپ، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشتى. تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولغان ئۇ، خوتۇنىدىن يوشۇرۇن ھالدا ئىدارىسىنىڭ 140 كۋادرات مېتىرلىق مەبلەغ توپلاپ سېلىنىدىغان ئۆي كۆرسەتكۈچىنى يېڭى توي قىلغان شىگوەنگە ئۆتۈنۈپ بېرىپ، ئۆزى بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن 40 كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان ئۆيدە قىسىلىپ تۇردى، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۇنىڭ مائاشىغىلا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ يەنە قىيىنچىلىقى بار، ئوقۇشسىز قالغان ئىككى بالىغا ئۇزاق مەزگىل ئىقتىسادىي ياردەم بەردى.

كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدە، سۇڭ ۋېنبو مۇلايىم، يېقىملىق بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىزمۇ «ياخشىچاق ئەپەندى» ئەمەس ئىدى. ئۇ دائىم: «ئوت مۇداپىئەسىنى نازارەت قىلىش خىزمىتىدە ئوچۇق - ئاشكارا مەشغۇلات قىلىپ، مۈلۈك ئىگىلىرىنى خاتىرجەم قىلىش، كارخانىلارنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك. ئوت ئاپىتى يوشۇرۇن خەۋپىنى تۈزىتىش مەسىلىسىدە، جەزمەن ھەققىي قول سېلىپ، قىيىنغا تېگىش قىلىش كېرەك» دەيتتى.

سۇڭ ۋېنبو دائىم مۇنداق دەيتتى: «ئوت ئۆچۈرۈش قوشۇنى خەلقنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە ئاپەتنى تىنچىتىش تېشى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق مۇھىتتا بىرىنچى ۋاقىتتا ھەرىكەتكە كېلىشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش شەرت.» پۇقرالارغا بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتى بىلەن، سۇڭ ۋېنبو ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر ئوت ئۆچۈرۈش خادىمىنىڭ مۇقەددەس بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

2009 - يىلى، سۇڭ ۋېنبونىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش ئۆمىكىنىڭ بېيجىڭ، شەنشى، خۇبېي، خۇنەن قاتارلىق جايلاردا سەييارە دوكلات بېرىشىگە ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ كىشى بۇ ئاددىي قەھرىمان، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسىدىن چوڭقۇر تەسىرلەندى. بىر قىسىم ئامما ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ سۇڭ ۋېنبو ھايات ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان دۇڭكوۋ ناھىيەلىك ئوت ئۆچۈرۈش چوڭ ئەترىتى ۋە سۇڭ ۋېنبو قۇربان بولۇشتىن ئىلگىرى جەڭ قىلغان باۋۋەن كەنتىگە كېلىپ، سۇڭ ۋېنبونىڭ ھايات ۋاقتىدىكى سەپداشلىرى ۋە باۋۋەن كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنى زىيارەت قىلىپ، سۇڭ ۋېنبونىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرىنى ئىگىلەپ، قۇربان بولغان قەھرىماننى ياد ئەتتى.

سۇڭ ۋېنبو قۇربان بولغاندىن كېيىن، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىسى» دەپ شەرەپلىك نام بەردى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى سۇڭ ۋېنبونى 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ تولۇقلاپ ئەنگە ئالدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«چارە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: كارخانىلارنىڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىقتىدارى كۈچلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش ھالىتىدە، جانلىق، كۆپ خىل شەكىلدە كۆپ مەنبەلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى قوللاش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكۈچىلەرگە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك كارخانىلار ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتسە، كارخانىلار ئەمەلىي تاپشۇرىدىغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ يىغىندىسى بويىچە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىدۇ، مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدۇ.

«چارە»دە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئاساسىي قاتلامغا، زامانىۋى تېرىقچىلىق، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، ئىستىراھەت يېزا ئىگىلىكى، يېزا - كەنت ساياھىتى، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى، يېزا ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە ئاساسىي قاتلام سۇچىلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە بېرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. كەڭ تەشۋىق قىلىش، سەپەرۋەر قىلىش ۋە نۇقتىلىق دەل جايىدا قوبۇل قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئارمىيەگە كىرىپ ھەربىي سەپكە قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك.

«چارە»دە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەرنى ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئارقىلىق يۆلەش سىياسىتى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر ئىگىلىك تىكلىگەن جايدا ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 150 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدىغان ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ئىگىلىك تىكلىگەندە ئەڭ كۆپ بولغاندا 3 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدىغان ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ ھەم سىياسەت بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆسۈم ياردەم پۇلى بېرىلىدۇ. «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىگىلىك تىكلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىش پىلانى» چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر ساھەسىگە بېرىپ ئىگىلىك تىكلىشىگە مەدەت بېرىلىدۇ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ.

«چارە»دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر توردا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش چوڭ بازىرىنى تەشكىللەپ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنىڭ كەسىپ تاللاش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتىشى كېرەك، ئوقۇش پۈتتۈرگۈچىلەر بەلگىلىمە بويىچە نوپۇسى، ئارخىپىنى مەكتەپتە ئىككى يىل ساقلىسا بولىدۇ، مەكتەپ مەكتەپتىن ئايرىلىپ ئىشقا ئورۇنلىشالمىغانلارنى داۋاملىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى، تېنى مېيىپ قاتارلىق ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە قارىتا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» بويىچە تۈرگە ئايرىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش يولىغا قويۇلىدۇ. ھازىرقى ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتى ۋە يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە قارىتا، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرگە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە پىسخىكىلىق يېتەكچىلىك ۋە ئىدىيەۋى تەربىيە كۈچەيتىلىدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي، كېۋەز قاتارلىق ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلاشتۇرۇشى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇلۇپ، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا توپلىنىشقا ئىلمىي يېتەكلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمبىرسال ئۈنۈمى ئۆستۈرۈلىدىكەن. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇغداي تېرىلغۇ كۆلىمى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، ئاشلىقتا «شىنجاڭ ئىچىدە تەڭپۇڭلىشىش، ئازراق ئېشىنچا بولۇش»قا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا، شىمالىي شىنجاڭ رايونىدا ئېلاستىكىلىقى كۈچلۈك، مول سېلىنلىق، ئورگانىك مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان بۇغداي زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېشىل، ئەلا سۈپەتلىك بۇغداي تەرەققىيات ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىنىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش نۇقتىلىق مەۋقە قىلىنىپ، باغ - ئورمان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىدا ئورمان بىلەن ئاشلىقنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش ئەندىزىسىدىن تەدرىجىي چېكىنىپ چىقىش ئۈستىدە ئىزدىنىلىپ، كۆممىقوناق تېرىقچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، چارۋىچىلىق يەم - خەشەك تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش گەۋدىلەندۈرۈلىدىكەن.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز سورتىنىڭ پىششىقلىقى ۋە سۈپىتىنى رايونلارغا ئايرىپ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلۇپ، ئۇزۇن تالالىق پاختا، ئىنچىكە تالالىق پاختا قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك، ئالاھىدە سورتلۇق، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرى ئىنچىكە ئايرىلىپ، پاختا نىشانلىق باھا ئىسلاھاتى سىياسىتى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، پاختا ياردەم تولۇقلىمىسىنى سۈپەتكە باغلاشقا تۈرتكە بولۇنىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېۋەز سورتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۆتكىلى چىڭ تۇتۇلۇپ، «بىر ناھىيەدە بىر سورت بولۇش» «كۆپ ناھىيەدە بىر سورت بولۇش»قا ئىلھام بېرىلىپ، پاختا سۈپىتىنىڭ بىردەكلىكى مەنبەدىن ئۆستۈرۈلۈپ، خەلقئارا بازار رىقابەت كۈچى ئاشۇرۇلىدىكەن.

ئۇرۇقچىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تىرەك. بۇ يىل، ئاپتونوم رايون بويىچە زامانىۋى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ئۇرۇقچىلىقى ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى، ئورمانچىلىق ئۇرۇقچىلىقى تېز راۋاجلاندۇرۇلۇپ، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز، خاس ئىقتىسادىي زىرائەتتىن ئىبارەت «تۆت 1 مىليون مولۇق» ئۇرۇقلۇق بازىسى قۇرۇلۇشى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىلىپ، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە خاس زىرائەتلەردە بىرلىشىپ سورت يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، چارۋا، ئۆي قۇشلىرى سورتىنى رايونلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇلۇپ، «ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقات، يېتىشتۈرۈش - كۆپەيتىش - كېڭەيتىش» بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن تاۋارلاشقان سورت يېتىشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ، سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان بىر تۈركۈم «يېتىشتۈرۈش - كۆپەيتىش - كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن» ئۇرۇقچىلىق باشلامچى كارخانىلىرى بەرپا قىلىنىدىكەن.

كەسىپلەرنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە، بۇ يىل ئاپتونوم رايون بويىچە يېشىل، ئېكولوگىيەلىك يېزا ئىگىلىكى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىسى ۋە ئېكولوگىيەلىك ئەسلىي جايىنى قوغداش بازىسى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلىدىكەن، مەۋقە شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇلۇپ، ئەۋزەل خاسلىق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ساغلام، ئوزۇقلۇق، فۇنكسىيەلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەمىناتى ئاشۇرۇلىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايون بويىچە شوخلا پىششىقلاش، لازا پىششىقلاش، قوغۇن - تاۋۇز قاتارلىق يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار ۋە ئۈششاق سورتلار نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇلۇپ، يەرلىك سورت ئۇرۇق پلازما بايلىقىنى قوغداش ۋە ئېچىش كۈچەيتىلىپ، ئۈششاق سورتلارنى راۋاجلاندۇرۇش دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان چوڭ كەسىپكە ئايلاندۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىدىكى ئوخشاش سۈپەتلىك رىقابەتلىشىش ۋە ھوسۇل ئېشىپ كىرىم ئاشماسلىقتەك قىيىن ئەھۋال ھەل قىلىنىدىكەن. چىلان، ياڭاق، ئۈزۈم قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەۋزەل باغ - ئورمان سورتلىرى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇلۇپ، سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، قىزىل ئالۇچا، ئەينۇلا قاتارلىق يېڭى پېتى ئىستېمال قىلىنىدىغان ئەلا سورتلار داۋاملىق زورايتىلىپ، كۈچەيتىلىپ، تەبىئىي ياۋا مېۋىلىك دەرەخلەرنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ قۇملۇق، چۆللۈك ۋە تاغلىق رايون باغ - ئورمان بايلىقى ئەۋزەللىكى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، يېڭى بىر ئەۋلاد باغ - ئورمانچىلىق تەرەققىياتى ئالغا سىلجىتىلىپ، باغ - ئورمانچىلىقنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسى يېتىشتۈرۈلىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىشلىگەندىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ، «كېچىدە مىڭ خىل يول ئۈستىدە ئويلىنىش، ئەتىگىنى ئويغىنىپلا كونا يولدا مېڭىش»تىن ئەنسىرەيمىز، ھەرقانچە ئويلىغان بىلەن، ھەرىكىتىمىزدە ئەمەلىيلەشتۈرمىسەك ھەققەتەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، جەڭدە غەلىبە قىلىش پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىمىز. ھازىر، نۇرغۇن نامرات ئامما «پارتىيەنىڭ سىياسىتى ياخشى بولغان ئىكەن، تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەش كېرەك» دېگەن داۋالىنى تونۇپ يېتىپ، كۆڭلىدە غەيرەتكە كېلىپ، ئەمدى ھەرگىز ساقلاپ تۇرمايدىغان، تايىنىۋالمايدىغان، تەلەپ قىلمايدىغان بولدى، ئۆزگىرىشنى ئويلاپ، ئۆزگىرىپ، جاپاغا چىداپ، سەۋرچان بولۇپ، ئەمگەكچان ئىككى قولىغا تايىنىپ ئوخشاش بولمىغان بېيىش يولىنى ئېچىپ، بارغانسېرى ياخشى كۈنلەرنى ياراتماقتا. ھەربىر نامرات ئائىلىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ قالپىقىنى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى تەبەسسۇمىنىڭ ئۆزى ئەڭ ياخشى جاۋاب.

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش قەلبتىن باشلىنىدۇ، ئەمەلىي ئىشلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. شىمالىي تاغدىكى يۈگۈڭ 90 ياشقا كىرگەن تۇرۇپمۇ، يەنىلا تاغنى يۆتكەشكە ئىرادە باغلاپ، سېۋەتنى كۆتۈرۈپلا ئىشنى باشلىۋەتكەن؛ باھار پەسلى دەل ۋاقتى، بىزمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق كۈچ توپلاپ ئاتلىنىشنى كىرىچتىن ئايرىلغان ئوقياغا ئايلاندۇرۇپ، گۈزەل ۋاقىتتا جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشىمىز كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)